## 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
## تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش. قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن نامرات ناھىيەلەردە جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش

لوپ ناھىيەسىدە:

# كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى ياخشى بولدى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىشەنچى ئاشتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لىيۇ يى، جېڭ جو، زوۋ يى، جۇڭ جاۋفېڭ

لوپ ناھىيەسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست» بويىچە ئېغىر نامرات ناھىيەلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بوستانلىق كۆلىمى پۈتۈن ناھىيە يەر كۆلىمىنىڭ ئاران 5.6%دىنى ئىگىلەيدۇ، ئاساسى ئاجىز، ئۇلى بوش بولۇش ناھىيەنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىزچىل قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى.

لوپ ناھىيەسى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئاساسلىق يول قىلىپ، مەۋقەنى ھازىرغا قويۇش، يۇقىرى نۇقتىدىن تۇرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، «ناھىيەدە باشلامچى كارخانا بولۇش، يېزىدا كۆلەملىك كارخانا بولۇش، كەنتتە كەنت قۇرغان زاۋۇت بولۇش، ئائىلىدە ھۈنەرخانا بولۇش»تىن ئىبارەت قۇرۇلما سىستېمىسى بويىچە، تېخىمۇ كۆپ كارخانىنى لوپ ناھىيەسىگە مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرۇشقا جەلپ قىلىپ، نامرات ئاممىنى ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئاساسىنى پۇختىلىدى.

### پىششىپ يېتىلگەن كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يېتەكلەش ئەندىزىسى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، لوپ ناھىيەسىنىڭ كەپتەر بېقىش كەسپى تېز تەرەققىي قىلىپ، پۈتۈن ناھىيە بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشىدىغان چوڭ كەسىپكە ئايلاندى. ناھىيەدە زامانىۋى ئۆلچەملىك باقمىچىلىق مەيدانى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى پۈتۈن ناھىيەگە تارقالغان كەپتەر باقمىچىلىقى ھەمكارلىق كوپىراتىپى 7700دىن ئارتۇق نامرات ئاھالىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

«مەن كەنتتىكى ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپىراتىپىدا ئىشلەيمەن، ئايدا مۇقىم كىرىمىم بار، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشۇمدا چاتاق يوق» دېدى لوپ ناھىيەسىنىڭ دول يېزىسى دۆڭ كۆزلۈك كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى قۇدرەتخان ئابدۇۋەلى. ئۇ تۇرۇۋاتقان پېئېن ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىق دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپى باقمىچىلىق چوڭ ئائىلىسى ۋە نامرات ئائىلىلەرنىڭ پاي قوشۇشى بىلەن تەشكىللەپ قۇرۇلغان بولۇپ، «شىركەت + ھەمكارلىق كوپىراتىپى + تېخنىكا خادىمى + دېھقان ئائىلىسى پاي قوشۇش + پايدا تەقسىملەش» تىجارەت ئەندىزىسىنى يولغا قويغان. نۆۋەتتە، ھەمكارلىق كوپىراتىپىدا بېقىلىۋاتقان ئەجداد نەسىللىك كەپتىرى 5000 جۈپكە يېتىپ، شۇ جايدىكى نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىدىكى مۇھىم يۆلەنچۈككە ئايلاندى.

لوپ ناھىيەسى يەنە لوپ ناھىيەسى خېتيەنشيا كەپتەرچىلىك چەكلىك شىركىتىنى قۇرۇپ، نەسىللىك كەپتەر كۆپەيتىش بازىسىنى قۇرۇپ چىقىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇشقا تەسىر كۆرسەتتى، تۈرتكە بولدى. نۆۋەتتە، بۇ كارخانا نامرات كەنتلەردە نەسىللىك كەپتەر ھەمكارلىق كوپىراتىپىدىن 21نى قۇردى، دېھقان ئائىلىلىرى بىرلەشمە گەۋدىسىدىن 23نى تەشكىللەپ قۇردى.

باشلامچى كارخانىنى يېتەكچى قىلىپ، ھەمكارلىق كوپىراتىپى، باقمىچىلىق بازىلىرىنىڭ تەسىر كۆرستىشنى تايانچ قىلغان كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يېتەكلەش ئەندىزىسى پۈتۈن ناھىيەدىكى گۆش كەپتىرى، گۆش ئۆردەكى، ئىنەك كۆپەيتىش قاتارلىق كۆپ خىل كەسىپلەردە كەڭ قوللىنىلىپ، 87 مىڭ 700 نامرات نوپۇسنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

### ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىش يۈزلىنىش بولۇپ قالدى

بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا توغرا كەلگەچكە، بۇ يىل، لوپ بازىرى دول تۇگمەنبېشى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مېھرىگۈل مەتمىن ئەسلىدىكى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، ئۆيىگە ئانچە يىراق بولمىغان بىر تەقلىدىي گۈل پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىغا بېرىپ ئىشلىدى.

«مەن ھازىر ھەر كۈنى 150 دانە تەقلىدىي گۈل ئىشلەپچىقىرالايمەن، بۇ، زاۋۇتقا ئەمدىلا كىرگەندىكىدىن بىر ھەسسە كۆپ، يېڭى خىزمەت ماڭا تېخىمۇ بەختلىك تۇرمۇش ئېلىپ كەلدى.» مېھرىگۈل خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: كەسپىي تېخنىك خادىملار قولمۇقول ماھارەت ئۆگەتكەچكە، تېخنىكام ناھايىتى تېزلا ئۆستى، كىرىمىم تېخىمۇ ئاشتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، لوپ ناھىيەسى «باغچە رايونى كارخانىسى +» قۇرۇلۇشى ئەندىزىسىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، كىيىم ـ كېچەك، يالغان چاچ قاتارلىق ئەمگەك كۈچلۈك كارخانىلارنى كىرگۈزۈپ، يېزا ـ كەنت ئىككى دەرىجىلىكتە سەككىز يېزا ـ بازار كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش باغچىسى، كەنت دەرىجىلىك 80 زاۋۇت قۇرۇپ، ئىش ئورنىنى دېھقانلار ئائىلىسىگىچە ئۇزارتتى ھەم بىرتۇتاش باشقۇرۇش ئۆلچىمى، بىرتۇتاش زاكاز تارقىتىش، مەھسۇلاتلارنى بىرتۇتاش يىغىۋېلىش مېخانىزمىنى يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ ساغلام، سىجىل تەرەققىياتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، نامرات ئاھالىلەرنىڭ ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، لوپ ناھىيەسى باغ ـ ئورمانچىلىق، ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى، ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىرىش قاتارلىق ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان ماھارەت بويىچە تەربىيەلەشنى پائال قانات يايدۇردى، 2016 ـ يىلدىن بۇيان جەمئىي 117 مىڭ 200 كىشىنى تەربىيەلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارقىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىدىكىلەر 70 مىڭ كىشىدىن ئاشىدۇ.

ھازىرغا قەدەر، لوپ ناھىيەسىدە 44 مىڭ 700 نامرات نوپۇس ئىشقا ئورۇنلاشتى، ئەمگەك ئىقتىدارى بار نامرات ئائىلىلەردىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.5 ئادەم مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتى، 80%تىن ئارتۇق ئىشقا ئورۇنلاشقان نوپۇس ناھىيە تەۋەسىدە ئىشقا ئورۇنلىشىپ، ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ ئاساسلىق يۈزلىنىشى بولۇپ قالدى.

### ياخشى ئىگىلىك تىكلەش مۇھىتى بەرپا قىلىندى

لوپ ناھىيەسىنىڭ بويىيا يېزىسى بويىيا ئارىش كەنتىدە «زىل ـ زىل» دەپ ئاتىلىدىغان خوگوخانا بولۇپ، بۇ خوگوخانىنى يۇرتىغا قايتىپ ئىگىلىك تىكلىگەن داشۆ ئوقۇغۇچىسى مېھرىبان مەتتۇرسۇن ئاچقان.

«خېرىدارلار كۆپ بولغاندا كۈندە 12 سائەت تىجارەت قىلىمەن، كۈندىلىك پايدام ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 1000 يۈەندىن ئاشىدۇ.» مېھرىبان مۇنداق دېدى: «مەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلى، ئۆي ئىجارىسى ياردەم تولۇقلىمىسى قاتارلىق كۆپ تۈرلۈك ئېتىبار سىياسەتتىن بەھرىمەن بولدۇم، نۆۋەتتە خوگوخانىنىڭ تىجارىتى تەرتىپلىك بولۇۋاتىدۇ، ھەر يىلى كەنتتە 10 مىڭ يۈەن ئۆي ئىجارە ھەققى تاپشۇرىمەن، يەنە ئۈچتىن بەشكىچە ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىيەلەيمەن».

يەنە بىر قىسىم ياشلار «ۋاڭخۇڭ» يولىدا كۆرەش قىلىۋاتىدۇ. ھاڭگىيا بازىرى ئاچما ئېرىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى نۇرىمان ئابدۇجېلىل لوپ ناھىيەسىدىكى بىر يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئېلېكترونلۇق سودا كارخانىسىنىڭ خىزمەتچىسى، بىۋاسىتە كۆرسىتىش ئۇنىڭ مۇھىم خىزمىتى. بۇلتۇر، بۇ كارخانا توردا بازار ئېچىشنى قارار قىلدى، ناھىيەدىكى ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارمىقىنىڭ ماسلاشتۇرۇشى، ياردىمىدە نۇرىمان بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، لوپ ناھىيەسى ئىگىلىك تىكلەش سىياسىتى تەشۋىقات سالمىقىنى زورايتىپ، ئاممىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەپ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا ئىلھام بەردى، بۇ يىلla 3400 قېتىمدىن ئارتۇق ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلى تارقاتتى، ئومۇمىي سوممىسى 300 مىليون يۈەندىن ئاشتى. نۆۋەتتە، لوپ ناھىيەسى ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق 20 مىڭغا يېقىن نامرات ئەمگەك كۈچىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى.

لوپ ناھىيەسى كەسىپنى تىرەك، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تۇتقا قىلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ سۈپىتىنى ھازىرلىدى، شۇنداقلا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش ئاساسىنى پۇختىلىدى. بۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا، لوپ ناھىيەسى پۈتۈن گەۋدە بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن كىشى بېشى يىللىق كىرىمىنىڭ 11 مىڭ يۈەندىن ئېشىشى مۆلچەرلەندى.

# ئىدىيەۋى ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش كۈچىنى توپلاش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كۈچىمىزنى يىغىندا بېكىتىلگەن تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرگە مۇجەسسەملەپ، ھېسسىيات ۋە مەسئۇلىيەت بىلەن چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، كەم ـ كوتىسىز ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىر نىيەتتە تەڭ كۈچ چىقىرىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىمىز.

### كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەش قىزغىن دولقۇن كۆتۈرۈش

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆگىنىشنى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، نەزەرىيە ئاساسى چوڭقۇر، ئەمەلىي تەجرىبىسى مول، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغان، لېكسىيە سۆزلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك بىر تۈركۈم پارتىيەلىك كادىرلار ۋە مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى ئاجرىتىپ ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئۆگىنىش قىزغىن دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى.

10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلەش بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ۋە كوللېكتىپ دەرس تەييارلاش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، يىغىندا لېكسىيە سۆزلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىدىن 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، شىنجاڭ قولغا كەلتۈرگەن مىسلىسىز تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەر، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئىلمىي ماھىيەتلىك مەزمۇنى، شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى قاتارلىقلاردىن نۇقتىلىق لېكسىيە سۆزلەپ، بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، دەل جايىدا لېكسىيە سۆزلەپ، يىغىن روھىنىڭ ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر سىڭىشى، كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىشىگە تۈرتكە بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

يىغىن مەزگىلىدە، لېكسىيە ئۆمىكى ئەزالىرى مۇھىم نۇقتا ۋە ھازىر كادىرلار، ئامما ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى چۆرىدەپ چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلدى، كوللېكتىپ دەرس تەييارلىدى، ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى سۆزمۇسۆز، جۈملىمۇجۈملە قايتا ـ قايتا تەتقىق قىلىپ ئوقۇپ، روھىي ماھىيىتىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، لېكسىيە تېزىسىنى ئەستايىدىل تەييارلىدى. لېكسىيەنىڭ تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ ئەمەلىي بولۇشى ئۈچۈن، لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى زور مىقداردا سۈرەت، مىسال قاتارلىقلارنى توپلاپ، دەرسلىك مەزمۇنىنى ئۇزلۇكسىز بېيىتىپ، قاراتمىلىقى، جانلىقلىقى، ئىدىيەۋىلىكى، ئەمەلىي ئۈنۈمدارلىقىنى كۈچەيتتى.

10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ھەرقايسى جايلار، ئورۇنلارغا بېرىپ لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار، ئورۇنلار، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، ئالتاي ۋىلايىتى، قاراماي شەھىرى، قەشقەر ۋىلايىتى، تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونىنىڭ ئۈزۈمچىلىك بازىرى باغرى مەھەللىسىدە لېكسىيە سۆزلەندى؛ 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، پىچان ناھىيەسى، مايتاغ نېفت خىمىيە شىركىتى، شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا لېكسىيە سۆزلەندى؛ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى، شىنجاڭ داشۆ، شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد داشۆسى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەردىكى لېكسىيە سۆزلەش پائالىيەتلىرىمۇ داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلدى...

ئورگان، ئورۇنلاردىن كارخانا، زاۋۇت رايونلىرىغىچە، كوچا، مەھەللىلەردىن ئالىي مەكتەپ دەرسخانىلىرىغىچە تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش قىزغىن دولقۇنى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا كۆتۈرۈلدى؛ ئەتراپلىق، چوڭقۇر چۈشەندۈرۈش، يۈزتۇرا، ھەمتۈرتكە شەكىلدىكى سۆھبەتلىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش كادىرلار، ئاممىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

### ئەمەلىيەتكە زىچ يېقىنلىشىش كاللىغا، قەلبكە سىڭدۈرۈش

تەپسىلىي، ئېنىق سانلىق مەلۇماتلار، جانلىق مىساللاردىن پايدىلىنىپ جانلىق شەرھلەش، نەزەرىيە + سۈرەت + سىن قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلنى قوللىنىپ يېشىپ چۈشەندۈرۈش... ھەربىر يەرگە بارغاندا، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى ھازىرقى ۋەزىيەت ۋە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى تولۇق، دەل جايىدا يېشىپ چۈشەندۈرۈپ، ئامما ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان تىل ئارقىلىق مەركەزنىڭ روھىنى ئاساسىي قاتلامغا يەتكۈزدى، ئاممىغا تەشۋىق قىلدى.

غۇلجا شەھىرىدە، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى لى يۇڭجۇن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ھەر مىللەت كادىرلارغا لېكسىيە سۆزلەپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق، چوڭقۇر يېشىپ چۈشەندۈردى ۋە شەرھلىدى، لېكسىيە تەسىرلىك، جانلىق، مۇھىم نۇقتىسى گەۋدىلىك بولۇپ، ھەم نەزەرىيەۋى يۈكسەكلىككە ئىگە ھەم ئەمەلىي يېتەكلەشچانلىققا ئىگە. قورغاس شەھىرىدە، لى يۇڭجۇن يەنە شۇ جايدىكى كارخانىچىلار بىلەن يۈزتۇرا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، سۆھبەتلىشىپ، كۆپچىلىك ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ۋە چۈشىنىشلىك تەھلىل قىلىپ جاۋاب بەردى.

خوتەن ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ زالىدا، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ۋاڭ ۋۇلۇڭ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش قاتارلىق تەرەپلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا شۇ جايدىكى كادىرلارغا ئېسىل لېكسىيە سۆزلىگەندىن كېيىن، يەنە دەم ئالماي لوپ ناھىيەسى شەھەر رايونى كوچا باشقارمىسى مىنلى مەھەللىسىگە بېرىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئامما بىلەن ھەمتۈرتكە بولۇپ پىكىر ئالماشتۇردى.

شىنجاڭ كەسپىي داشۆسى، جۇڭگو نېفت داشۆسى (بېيجىڭ) قاراماي مەكتەپ رايونى، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەردە، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكى ئەزالىرىنىڭ مۇكەممەل، چوڭقۇر شەرھلىشى، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن يېشىپ چۈشەندۈرۈشى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن ئىنكاسىنى قوزغىدى.

كۈچا ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتىپىدە، لېكسىيە دوكلاتى يىغىنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ سىفەن داشۆسىنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى سۈن شيۇلىڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىنىڭ سوئال سورىشىنى قوبۇل قىلدى، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك، ئاددىي، ئىخچام جاۋاب نەق مەيداندىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

«باش شۇجى شى جىنپىڭ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى، مەھەللە پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىيەلىك كادىرلار رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك؟»... چۆچەك شەھىرى تىنچلىق كوچا باشقارمىسى مەيدان مەھەللىسىدە ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى (شۆيۈەنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) دۇەن لياڭ مەھەللىدىكى كادىرلار، ئامما بىلەن چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ئۆزگىرىش، كەلگۈسى توغرىسىدا پاراڭلاشتى ھەم كۆپچىلىك كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرگە بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بەردى.

مەھەللىدىكى پارتىيە ئەزاسى نۇرلان جارقىن لېكسىيەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئىلمىي ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق چۈشەندى، ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن ياخشى ئاساسىي قاتلام لېكسىيە سۆزلىگۈچىسى بولۇپ، يىغىن روھىنى مەھەللىدىكى ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزىمەن».

سەھنىدىكىلەر ئېسىل لېكسىيە سۆزلىدى، سەھنە ئاستىدىكىلەر ئاڭلاپ خاتىرە قالدۇردى، يىغىندىن كېيىن پىكىر ئالماشتۇرۇلدى، ھەمتۈرتكە بولۇندى، يەنە تېخىمۇ كۆپ كادىر، ئامما سىن يىغىنى شەكلى ئارقىلىق لېكسىيە دوكلاتى يىغىنىنى كۆرۈپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى روھىنىڭ كاللىغا، قەلبكە سىڭىشى، جەڭگىۋارلىق روھىنى ئۇرغۇتۇشقا پۇختا، ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولدى.

### ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش غەيرەتكە ئىلھام بېرىش

«لېكسىيە ھەم نەزەرىيەۋى يۈكسەكلىككە، ئىدىيەۋى چوڭقۇرلۇققا ئىگە ھەم ئىنتايىن كۈچلۈك قاراتمىلىققا، تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، كۆپچىلىك ئالقىشلاپ چۈشىنەلەيدۇ، ئېسىدە تۇتالايدۇ.» «بىز چوڭقۇر ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىش نەتىجىلىرىنى ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرىمىز.»...

ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكى بارغانلا يېردە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش كەيپىياتىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولدى. ئەمەلىي لېكسىيە كۆپچىلىكنى كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالەتنى ساقلاپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، تولۇق غەيرەتكە كېلىپ، بوشاشماي كۆرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى.

لېكسىيەنى ئاڭلىغاندا، بورتالا شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئالىي لېكتورى، ئاساسىي قاتلامدىكى لېكسىيە سۆزلىگۈچى سۈي چياۋشيا خاتىرە دەپتىرىگە مۇھىم نۇقتىلارنى ئەستايىدىل خاتىرىلىدى، ئۇ مۇنداق دېدى: «لېكسىيە دوكلاتىنىڭ مەزمۇنى مول، ناھايىتى كۈچلۈك يېتەكلەشچانلىققا ئىگە ئىكەن، ئاڭلىغاندىن كېيىن ناھايىتى ئىلھام ئالدىم. مەن يىغىن روھىنى مەھەللە، كەنت، گۇرۇپپىلارغا يەتكۈزۈپ، شىنجاڭ ھېكايىسىنى مەردانىلىك بىلەن ياخشى سۆزلەيمەن».

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ يۇنفېڭ لېكسىيەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەيرىتى تېخىمۇ ئېشىپ مۇنداق بىلدۈردى: ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى سىجىل كۈچەپ ياخشى تۇتۇپ، كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق تۈرلۈك ياردەم تولۇقلىمىسى سىياسەتلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك ئىشقا ئورۇنلاشقۇچى كىشىلەر توپىنى پۇختا سىياسەت مەددىتى بىلەن تەمىنلەيمىز.

«لېكسىيە دوكلاتىنى ئاڭلاپ، كارخانىنىڭ شىنجاڭدا يىلتىز تارتىپ تەرەققىي قىلىش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچى تېخىمۇ چىڭىدى.» شىنجاڭ دۇڭفاڭ شۋاڭ رەڭلىك مېتال چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى جوۋ شياڭجۈن مۇنداق دېدى: كارخانىمىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى زورايتىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچ قوشىدۇ.

سىن يىغىنى ئارقىلىق لېكسىيە دوكلاتى يىغىنىنى كۆرگەندىن كېيىن، جېمىنەي ناھىيەسى توست يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ۋاڭ خۇڭشېڭ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۇنى ھەممە ئائىلىگە بىلدۈرۈپ، كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈپ، پۈتۈن يېزىدىكى ئاممىنىڭ ئىنتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىپ، بىرلىكتە گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشىغا ئىلھام بېرىمىز».

«مەكتەپ ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى سىنىپلارغا كىرگۈزۈشكە، دەرسخانىلارغا كىرگۈزۈشكە، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىغا سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرىدۇ» دېدى ئۈرۈمچى كەسپىي داشۆسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى جاڭ شىنچياڭ.

كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى بەختلىك بولدى، مەكتەپنىڭ مۇھىتى ۋە ياتاق شارائىتى بارغانسېرى ئازادىلەشتى... كۈچا ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتىپى تېببىي پەنلەر شىسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى قەدىرىيە ئەخمەت ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بۇ ئۆزگىرىشلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە قىلغان غەمخورلۇقىدىن ئايرىلالمايدۇ، مەن كەسپىي بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، مىننەتدارلىق ھېسسىياتىمنى يۇرتۇمنى قۇرۇش، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرىمەن».

ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش، كىشىگە ئىلھام بېرىش، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەش. ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ لېكسىيەسى پۈتۈن جەمئىيەتتە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش قويۇق كەيپىياتىنى يارىتىپ، يىغىن روھىنىڭ شىنجاڭدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى پۈتۈشتىكى قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچنى توپلىدى.